دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەشۋىقات ـ نەشرىيات كومىتېتى نەشر قىلدى

# خەۋەرنامە

2017 - يىللىق 5 - سان | ئومۇمىي 6 - سان


5

2017

ئۆكتىچى ئاكتىپلىرىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

■ **2017 - يىلى 1 - ماي:** خىتاي كوكخوتتا ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلىدى. ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى 1947 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قۇرۇلغان بولۇپ، خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتى بېسىۋالغان رايونلاردا قۇرغان تۇنجى ئاپتونوم رايون ھېسابلىنىدۇ.

■ **2017 - يىلى 2 - ماي:** ئىلھام توختى گۇرۇپپىسى خەلقئارالىق تەشكىلاتلار بىلەن بىرلىشىپ، تۈرمىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيسى ئىلھام توختىنى ۋاسلاۋ خاۋېل مۇكاپاتىنىڭ نامزاتلىقىغا كۆرسەتتى.




■ **2017 - يىلى 2 - ماي:** ئامېرىكا پرېزىدېنتى دونالد ترامپىنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق ئامېرىكا ئەلچىلىكىگە تاللىغان نامزاتى تېرىي برانستاند، ئەگەر كېڭەش پالاتاسىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتسە، ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە خىتايغا تىغمۇتىغ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە خىتاي

■ **2017 - يىلى 2 - ماي:** خىتاي ھۆكۈمىتى، ئىنتېرنېت تور بېكەتلىرى، خەۋەر - ئۇچۇر مۇنبەرلىرى، مىكرو بلوگ، توردا بىۋاسىتە تارقىتىش قاتارلىق ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىپ خەۋەر تارقاتماقچى بولغانلار چوقۇم ئالاقە تورى ئاخبارات ئۇچۇرلىرى مۇلازىمىتى ئىجازىتىنى ئېلىش كېرەكلىكى ھەم شۇنداقلا دۆلەتكە قاراشلىق ئاخبارات ئورگانلىرى بەلگىلىگەن ئۇچۇرلارنى تارقىتىشى كېرەكلىكىنى مەزمۇن قىلغان «ئالاقە تورى ئاخبارات ئۇچۇرلىرى مۇلازىمىتىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى» نى ئېلان قىلدى. بەلگىلىمە 1 - ئىيۇندىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدىكەن.

■ **2017 - يىلى 3 - ماي:** ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق تەتقىقات ئورنى دۇنيا ئاخبارات ئەركىنلىكى كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاينى شەرقىي تۈركىستاننى چەتئەل مۇخبىرلىرىغا ئېچىشقا چاقىردى.

■ **2017 - يىلى 3 - ماي:** خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ بېرىۋاتقان بېسىم سىياسىتىگە بولغان نارازىلىقىنى بىلدۈرۈش ۋە مەزكۇر بېسىمنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە، بولۇپمۇ تۈركىيە

جامائەتچىلىكىگە تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تۈركىيەنىڭ ئانتالىيا شەھىرىدىن تۈركىيەنىڭ پايتەختى ئەنقەرەگە قاراپ پىيادە يولغا چىققان ئۇيغۇر ياش ئوسمان تۇران ئەپەندى ئەنقەرەگە يېتىپ كەلدى. ئۇ مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيەسى باشلىقى، سابىق مۇئاۋىن باش مىنىستىر دۆلەت باغچەلىغا ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى توغرىسىدا مەلۇمات بەردى.



■ **2017 ـ يىلى 3 – ماي:** خەلقئارا ژۇرنالىستلارنى قوغداش كومىتېتى مەخسۇس باياناتنامە ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «ئالاقە تورى ئاخبارات ئۈچۈرلىرى مۇلازىمىتىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى» نى ئەيىبلىدى.

■ **2017 ـ يىلى 4 – ماي:** ئىسرائىلىيەنىڭ «يېرۇسالېم پوچتىسى» گېزىتى، پەلەستىن پرېزىدېنتى مەھمۇد ئابباسنىڭ چارشەنبە كۈنى ئامېرىكا پرېزىدېنتى ترامپ بىلەن كۆرۈشكەندە قىلغان «پەلەستىنلىكلەر دۇنيادا قوراللىق ئىشغال ئاستىدا قالغان بىردىن ـ بىر خەلق» دېگەن سۆزىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئابباسنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىنى ئەسكەرتكەن ھالدا، «خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلەر ئاۋازىنى چىقارسىلا بېشىغا ئۇرۇۋاتىدىغۇ؟ يەنە شۇنداق تۇرۇپ قانداقسىگە پەلەستىنلىكلەر قوراللىق ئىشغال ئاستىدا تۇرۇۋاتقان بىردىنبىر خەلق بولىدىكەن.» دەپ يازدى.

■ **2017 ـ يىلى 4 – ماي:** ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇر كىشىلىك تەتقىقات ئورنى خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندا يولغا قويغان ئىسلامىي ئىسىملارنى مەنئى قىلىش قاتارلىق دىنىي چەكلىمىلەردىن چۆچۈگەنلىكىنى بىلدۈردى. خىتاي دائىرىلىرى ئۆتكەن ئاينىڭ ئاخىرى بىر ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، شەرقىي تۈركىستاندا «مۇھەممەت»، «مەدىنە»، ۋە «تۈركىزات» قاتارلىق 29 ئىسىمنى «دىنىي ئەسەبىيلىكنى تەرغىب قىلىدۇ» دەپ كۆرسىتىپ، چەكلىگەنىدى.

■ **2017 ـ يىلى 4 – ماي:** خىتاي كومپارتىيىسى مەركىزى بىرلىكسەپ بۆلۈمى، ئۆزىنىڭ 9 ـ ئىدارىسىنى شەرقىي تۈركىستاندا قۇرغانلىقىنى، بۇ ئورگاننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى مەركەزنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسەت، قانۇن، مەدەنىيەت، ئىقتىساد ساھەلىرىدىكى سىياسەت ـ

لىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىش ۋە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى شەرقىي تۈركىستانغا چېتىلىدىغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت ئەھۋاللىرىنى تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىش ۋە مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەرنى ئېلىپ ھەل قىلىش ئىكەن. ئۇ يەنە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇقىملىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ۋەزىيەت، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە مەركەزنىڭ سىياسەتلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىش سالمىقىنى كۆزىتىپ، مەركەزگە بىۋاستە تەكلىپ-پىكىر سۇنىدىكەن.

■ **2017 - يىلى 5 - ماي:** ئۇيغۇر كادىرلىرىنىڭ خىتاي ئاخباراتىدا ئوچۇق خەت ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر «بۆلگۈنچى ۋە تېررورچىلار» نى ئەيىبلەش سېپىگە خىتاينىڭ تاشقى ئىشلار، مۇھاجىرلار خىزمىتىدىكى «ئۇيغۇر دىپلوماتلار» قېتىلدى؛ خىتاينىڭ تاشقى ئىشلار مۇھاجىرلار خىزمىتىنى ئىشلىگەن خادىملار «تەڭرىتاغ تورى» دا ئوچۇق خەت ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ، خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى تەرىپىدىن تەنقىدكە ئۇچراپ كەلگەن شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسىتىنى ئاقلىغان. ئوچۇق خەت ئەلى ئابلىمىت، ئابلىمىت، پەرھات كامال، ئەركىن ئەھمەت، پولات ئابدۇسەمى مىنەۋۋەر ھىمىت قاتارلىق كىشىلەر تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان.

■ **2017 - يىلى 5 - ماي:** پارتكوم سېكرېتارى چېن چۈەنگو ئۈرۈمچىدە چاقىرىلغان مەزكۇر مۇقىملىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش تېلېۋىزىيە يىغىنىدا سۆز قىلىپ، يېقىندا ئېچىلىدىغان «بىر بەلۋاغ، بىر يول» خەلقئارالىق ھەمكارلىق يىغىنى جەريانىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشنى كۈچەيتىشنى، ھوشيارلىقنى ئالاھىدە ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.



■ **2017 - يىلى 6 - ماي:** دوكتور ئەركىن ئەكرەم شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان «تۈركىيە - خىتاي مۇناسىۋەتلىرى ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى» ناملىق يىغىندا لېكسىيە سۆزلەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى قىيىن كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى، ھازىرقى ۋەزىيەتنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى

كۈنلەرنىڭ بىشارەتچىسى ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ جىددىي شۇنداقلا ئەستايىدىل ھەمكارلىق ئورنىتىشىنىڭ تەخىرسىزلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتتى.



■ **2017 - يىلى 6 - ماي:** ئىستانبۇلدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى، 2 - نۆۋەتلىك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلارنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى ۋە ئۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ ئۇيغۇر دوپپا بايرىمىنى تەبرىكلىدى. يىغىندا، موللا مۇسا سايرامى، ھۈسەيىن تەجەللى، قۇتلۇق شەۋقىي، ئابدۇقادىر داموللام قاتارلىق ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرىغا ئالاقىدار ئىلمىي ماقالىلەر ئوقۇپ ئۆتۈلدى. ئاكادېمىيەنىڭ بىرىنچى قېتىملىق يىغىنىدا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەت يەسەۋىي، ئەلشىر ناۋايى، مەمەتئەلى تەۋفىق قاتارلىق زاتلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى توغرىسىدا ئىلمىي مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغان ئىدى.




■ **2017 - يىلى 7 - ماي:** ئالدىنقى قېتىملىق ئوچۇق خېتىدە، «ئۇيغۇرلارنىڭ قېنىدا خەنزۇلارنىڭ شۇنداقلا خەنزۇلارنىڭ قېنىدىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قان تەركىبلىرى مەۋجۇت،» دەپ بىلجىرلىغان خوتەن ۋالىيسى ئېزىز مۇسا، ئىككىنچى پارچە «ئوچۇق خەت»




ئېلان قىلىپ، «ئەتراپىمىزدىكى ‹ئىككى يۈزلىمىچىلەر› زادى كىملەر»، دەپ سوئال قويىدى ۋە ئۇنىڭغا «بىرىنچى، ئىدىيە جەھەتتە دىنىي ئەسەبىيلەر بىلەن بىر ئېقىمدا ماڭغانلار؛ ئىككىنچى، سىياسىي جەھەتتە

ئىككى قېتىمقا تەڭ دەسسەيدىغان يۇمىلاق تاۋۇزلار؛ ئۇچىنچى، سەھنىدە كەسكىن بولۇپ، سەھنىدىن چۈشكەندە پوزىتسىيەسى ئېنىق بولمايدىغانلار؛ تۆتىنچى، ئاغزىدا پارتىيەدىن مىننەتدار بولۇپ، كۆڭلىدە ئۆچمەنلىك ساقلايدىغانلار؛ بەشىنچى، پارتىيەگە كىرىش قەسىمى بەرگەندە پارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭى- مەن دەيدىغان، ھالقىلىق پەيتتە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار» دەپ ئېنىقلىما بەردى.

■ **2017 ـ يىلى 8 – ماي:** «كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى»، «ئاز سانلىقلار ھوقۇ- قى گۇرۇپپىسى» ۋە «ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى» قاتارلىق خەلقئارادىكى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى بىرلەشمە باياناتى ئېلان قىلىپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى باش كاتىپى دولقۇن ئەيسانىڭ نيۇيوركتىكى ب د ت يىغىن مەيدانىدىن چىقىرىۋېتىلىشىگە قارىتا نارازىلىق بىلدۈردى. تەكلىپكە بىنائەن ب د ت نىڭ نيۇيوركتىكى باش ئورگىنىدا ئۆتكۈزۈلگەن «يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مەڭگۈلۈك مۇنبىرى» دە ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ئاڭلىتىشقا كەلگەن دولقۇن ئەيسا خىتاينىڭ بېسىمى نەتىجىسىدە 26 ـ ئاپرېل كۈنى يىغىن مەيدانىدىن مەجبۇرىي چىقىرىۋېتىلگەنىدى.

■ **2017 ـ يىلى 8 – ماي:** تۈركىيەنىڭ قاھرامان ماراش شەھىرىدىكى سۈتچۈ ئىمام ئۇنىۋېرسىتېتى جاھىت زەرىفئوغلۇ يىغىن زالىدا «شەرقىي تۈركىستان داۋاسى ۋە كېلەچىكى» دېگەن تېمىدا مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا دوتسېنت دوكتور ئەركىن ئەكرەم «تۈركىيە ـ خىتاي مۇناسىۋەتلىرىدە شەرقىي تۈركىستان رېئاللىقى»، دوتسېنت دوكتور ئەركىن ئەمەت «مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى»، دوكتور ئالىمجان بۇغدا «شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى. يىغىنغا دوكتور ھىكمەت دەمىرجى رىياسەتچىلىك قىلدى.




■ **2017 ـ يىلى 9 – ماي:** تۈركىيە مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيەسى باشلىقى پروفېسسور دوكتور دەۋلەت باھچەلى پارتىيەسىنىڭ تۈركىيە پارلامېنتىدىكى گۇرۇپپا يىغىنىدا، 21 شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ تۈركىيەدە نازارەت ئاستىغا ئېلىنىشىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، «مىليونلارچە سۈرىيەلىكنى باقسان تۈركىيە

21 قېرىندىشىمىزنى باقالمامدۇ؟ ئۇلارغا ياتىدىغان ئۆي، يەيدىغان نان تاپالمامدۇ؟... بىزدە خىتاي زۇلمىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدىغان بىرمۇ ئىرقدىشىمىز يوقتۇر، بولمايدۇ. زۇلۇمغا ئۇچرىغان شەرقىي تۈركىستان ھەقلىق ۋە باقى قالىدىغان دەۋايىمىزدۇر، ئىرقداشلىرىمىز بولسا، ھەر دائىم ئار - نومۇسىمىزغا ئامانەتتۇر» دېدى.




■ **2017 - يىلى 9 - ماي:** خوتەن گېزىتى خەۋەر بېرىپ، خوتەندە ئېلىپ بېرىلغان ئىشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنى خىتاي ئۆلكىلىرىدە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پروگراممىسىغا يەرلىك ئۇيغۇرلاردىن 38 مىڭ كىشىنىڭ تەييارلانغانلىقىنى، بۇلارنىڭ بىرقانچە تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ يولغا چىقىشقا باشلىغانلىقىنى ئاشكارىلىدى.

■ **2017 - يىلى 10 - ماي:** دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، كورلا ساقچى دائىرىلىرىنىڭ 4 - مايدا قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى ئۈندىدار باش سۈرىتى قىلغان بىر ئۇيغۇر قىزنى «دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلىدىغان مەزمۇندىكى رەسىملەرنى چىقارغان» دېگەن جىنايەت بىلەن ئەيىبلەپ تۇتقۇن قىلىشقا نارازىلىق بىلدۈردى ۋە ئۇ قىزنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىدى.

■ **2017 - يىلى 10 - ماي:** ئەنگلىيەدە چىقىدىغان «ئەلئەرەبى» گېزىتى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستانغا يۈرگۈزۈۋاتقان بېسىم سىياستىنى ئىسلاموفوبىيا (ئىسلامدىن قورقۇش) بىلەنلا ئىزاھلاشنىڭ ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىنى ماھىيەتلىك يورۇتۇپ بېرىشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغانلىقىنى، «ھالبۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ئارزۇسىنىڭ بىر ئىسلام ئەمىرلىكى قۇرۇش ئارزۇسى ئەمەس، بەلكى تەيۋەنلىكلەرنىڭ، تىبەتلەرنىڭ مۇستەقىللىق ئارزۇسىغا ئوخشايدىغانلىقى» نى ئوتتۇرىغا قويدى.

■ **2017 - يىلى 10 - ماي:** پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ بارىن يېزىسىدىكى كەنت سېكرېتارلىرى، يۇقىرىنىڭ ئاتالمىش 3 قانۇنسىز بۇيۇمنى يىغىۋېلىش دائىرىسىدە «قۇرئان كەرىم» نىڭ 2012 - يىلىدىن بۇرۇنقى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى يىغىۋېلىشنى بۇيرۇغانلىقىنى، بۇ بۇيرۇقنىڭ بەزى جەريانلاردا ئاشۇرۇپ ئورۇندالغانلىقىنى يەنى، 2012 - يىلىدىن

بۇرۇنقى نۇسخىلىرىنىڭمۇ يىغىۋېلىنىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كېرەكسىز بۇيۇملار ئامبىرىدا ساقلىنىۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلىدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بۇ ھەقتە پىكىر بايان قىلىپ، «قۇرئان كەرىم» قايسى نۇسخىسىنىڭ تەرجىمىسىنىڭ توغرىلىقىنى ئەمەلدارلار ئەمەس، مۇستەقىل ئۆلىمالارنىڭ باھالاپ بېكىتىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.




■ **2017 - يىلى 10 - ماي:** تەڭرىتاغ تورىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى جۇ خەيلۇن قەشقەردە سوتچىلارغا يىغىن چاقىرىپ، قاتتىق زەربە بېرىشنى كۈچەيتىش ھەققىدە سىياسىي يوليورۇق چۈشۈرگەن.

■ **2017 - يىلى 10 - ماي:** تۈركىيەنىڭ شەرقىي رايونىغا جايلاشقان ۋان شەھىرىدىكى «يۈزىنچى يىل ئۇنىۋېرسىتېتى» نىڭ ساھىبخانىلىقىدا چاقىرىلغان «21 - ئەسىردە ئىسلام دۇنياسىغا ئىستراتېگىيىلىك نەزەر» تېمىلىق 4 كۈنلۈك خەلقئارالىق يىغىنىنىڭ خۇلاسە دوكلاتىغا «مەدەنىيەت ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھەر مىللەت ۋە شەخسنىڭ ئەقەللىي ھەققىدۇر. شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەدىمىي خەلقى بولغان ئۇيغۇرلارمۇ دىنىي ئېتىقاد ۋە باشقا ئەركىنلىكلەردىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك.» دېگەن ئىبارىلەر كىرگۈزۈلدى. يىغىنغا ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى دوكتور ئۆمەر قول ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى دوتسېنت دوكتور ئەركىن ئەمەت ئىشتىراك قىلىپ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

■ **2017 - يىلى 11 - ماي:** خىتاينىڭ ئۇيغۇرچە زۇۋانى «شىنجاڭ گېزىتى»، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەشقەر ۋە خوتەن ۋىلايەتلىرىدىن 100 مىڭدىن ئارتۇق «ئەمگەكچى» نى تەشكىللىك يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى ھەقىقىي

غەربىنى ئاشكارىلىدى. گېزىت، 10 ـ ماي چۈشتىن كېيىن ئېچىلغان تېلېۋىزىيە يىغىنىدا، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشقان جايلىرىدا تۇرۇپ قېلىشى، مۇقىملىشىپ قېلىشىنىڭ كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى كېرەكلىكىنىڭ تەكىتلەنگەنلىكىنى يازدى.

■ **2017 ـ يىلى 11 ـ ماي:** تۈركىيەنىڭ ئىجتىمائىي كۆچلەر باشقۇرۇشىدىكى بىر قانچە تەشكىلاتى بىر يەرگە جەم بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى مۇھاكىمە قىلدى. يىغىندا، شەرقىي تۈركىستان مائارىپ جەمئىيىتى باش كاتىپى ئابدۇلئەھەد ئابدۇراھمان شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەڭ يېڭى ئەھۋاللار توغرىسىدا تەشكىلات ۋەكىللىرىگە مەلۇمات بەردى. يىغىنغا شەرقىي تۈركىستان مائارىپ جەمئىيىتى، ئاقداۋ، ئىنسان ۋە مەدەنىيەت ھەرىكىتى، ئىنسان ھەق ۋە ھۆررىيەتلىرى ئىنسانىي ياردەم فوندى، ئىلىم ۋە تەتقىقات ۋەقپى، فەزا جەمئىيىتى ۋە باشقا قېرىنداش تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى ئىشتىراك قىلدى.



■ **2017 ـ يىلى 11 ـ ماي:** قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تاشقورغان ناھىيەسىدە 5.5 بال يەر تەۋرىگەن. بۇ ھەقتە خىتاينىڭ تەڭرىتاغ، خەلق گېزىتى قاتارلىقلار تارقاتقان ئۇچۇرغا قارىغاندا، ھازىرغىچە يەر تەۋرەشتە 8 ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلىپ، 23 ئادەم يارىلانغان. كۆپ قىسىم ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشكەن.

■ **2017 ـ يىلى 11 ـ ماي:** ئىستانبۇلدا 2 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ئەنئەنىۋىي تەنتەربىيە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى، پائالىيەت مەيدانىدا ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن كۆرگەزمە ئېچىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى تونۇشتۇردى.




■ **2017 ـ يىلى 12 ـ ماي:** «خەلقئارا ھوقۇقچىلار بىرلىكى» ناملىق تەشكىلات تۈركىيەنىڭ قەيسىرى شەھرىدە چاقىرىلغان «دۆلەت ۋە تەشكىلاتلارنىڭ مۇساپىرلارغا ياردەم بېرىش مەسىلىسىدىكى قانۇنى ۋە ئەخلاقىي مەسئۇلىيىتى» ۋە «ئىسلام دۇنياسىدا يېقىنقى

بىر يىل ئىچىدە ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلىلەر» مۇزاكىرە قىلىنغان يىغىنىدا، شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى ھىدايىتۇللاھ ئوغۇزخان خىتاينىڭ چەتئەلدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى قايتۇرۇپ كېتىشى ۋە تايلاندتىكى ئۇيغۇر مۇساپىرلارنىڭ تەقدىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

■ **2017 ـ يىلى 13 – ماي:** تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى پرېزىدېنتى رەجەپ تاييىپ ئەردوغاننىڭ بېيجىڭ زىيارىتى جەريانىدا ئەنقەرە بىلەن بېيجىڭ ئارىسىدا جىنايى جاۋابكارلارنى ئۆزئارا قايتۇرۇش كېلىشىمى ئىمزالاندى. كېلىشىم مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئارىسىدا «خىتاينىڭ بۇ كېلىشىمنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، ئۇيغۇر سىياسىي پائالىيەتچىلىرىگە زىيانكەشلىك قىلىش» ئەندىشىسى پەيدا قىلدى.

■ **2017 ـ يىلى 14 – ماي:** خىتاي تاراتقۇلىرى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا خىتايدا ئىچىلغان «ئىككى يىغىن» مەزگىلىدە تۇتقۇن قىلىنىپ، 3 يىل كېسىۋېتىلگەنلىكى ھەققىدە خەۋەرلەر تارقالغان خىتاي مەملىكەتلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، خوتەن



ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپىلەرنى ئۆتەۋاتقان خوتەن ناۋاغ جامەسىنىڭ خاتىپى ئابدۇلېتىپ ئابدۇرېھىم داموللىنىڭ «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جان تومۇرى» ماۋزۇلۇق بىر پارچە «ئوچۇق خېتى» نى ئېلان قىلدى. ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، خوتەندىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ئابدۇلېتىپ داموللىنىڭ تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى ئىنكار قىلمىغانىكەن.

■ **2017 ـ يىلى 15 – ماي:** ھىندىستان «مۇسۇلمانلار بىرلەشمە مۇنبىرى» ئۆلىمالىرى مۇسۇلمانلاردىن خىتايدا ئىشلەنگەن جاينامازلارنى بايقۇت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. مۇنبەرنىڭ ئاساسلىق ئۆلىمالىرىدىن مەۋلانە مۇھەممەد ھۇسامىددىن سانى نامىدا ئېلان قىلىنغان باياناتتا، «بىز خىتاينىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ كۈندىلىك دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە تۈرلۈك چەكلىمىلەرنى قويغانلىقىنى تاراتقۇلاردىن ئوقۇۋاتىمىز. بۇنداق ئەھۋالدا مۇسۇلمانلارنىڭ خىتايدا ئىشلەنگەن جايناملازلارنى سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ناماز ئوقۇشى جائىز ئەمەس» دېگەن ئىبارىلەرگە ئورۇن بېرىلدى.

■ **2017 - يىلى 15 - ماي:** «خوتەن گېزىتى» مەخسۇس ماقالە ئېلان قىلىپ، خوتەن ۋىلايەتلىك دائىرىلەرنىڭ يەنە 221 نەپەر كادىرنىڭ «مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتە قىلغانلىقى»نى ئاشكارىلىدى.

■ **2017 - يىلى 15 - ماي:** خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى خىتاي ساقچى ئورگانلىرىنىڭ پۇقرالارنىڭ د ن ئا (DNA) ئەۋرىشكىسىنى يىغىش ھەرىكىتى ئۈستىدە مۇھىم بىر دوكلات ئېلان قىلدى. مەزكۇر ئورگاننىڭ قارىشىچە، خىتاي ھۆكۈمىتى د ن ئا ئەۋرىشكىسى يىغىش ھەرىكىتىدە ئاساسلىق ئۇيغۇرلارنى، ئۆكتىچىلەرنى ۋە كۆچمە نوپۇسلارنى نىشان قىلغان بولۇپ، ئىگىلەنگەن ئۇچۇرلاردىن دائىرىلەرنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى ئۇيغۇر ئېلىدە يەنىمۇ زور دەرىجىدە كېڭەيتىپ ئېلىپ بارىدىغانلىقى مەلۇم بولماقتىكەن. كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى دوكلاتىدا، د ن ئا ئۇچۇرىنى يىغىش ھەرىكىتى خىتاينىڭ باشقا ئۆلكە-رايونلىرىدىمۇ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر ئېلىدىكىسىنىڭ ئالاھىدە دىققەت قوزغاشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

■ **2017 - يىلى 16 - ماي:** خىتاي يېڭى «ئىستىخبارات قانۇن لايىھەسى» ئېلان قىلدى؛ خىتاي خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ «ئىستىخبارات قانۇن لايىھەسى» ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشىدە يەنە مەزكۇر قانۇن لايىھەسىنىڭ «دۆلەت بىخەتەرلىك قانۇنى»، «جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنى» ۋە «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇن» قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنىپ، مەزكۇر قانۇننىڭ خىتاي ئىستىخبارات خادىملىرىنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىش جەريانىدىكى خىزمەت ئىستىلى، ھوقۇق دائىرىسى ۋە ئىستىخبارات توپلاش قائىدە-نىزاملىرىغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى بولسا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلغان يۇقىرىقىدا قەيت قىلىنغاندەك قانۇن-نىزاملىرىنىڭ خىتاي پۇقرالىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەركىنلىكىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرايدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندۈرگەنلىكىنى بىلدۈرمەكتە.

■ **2017 - يىلى 17 - ماي:** دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن «2016 - يىلىدىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى» ناملىق دوكلاتنى ئېلان قىلدى. دوكلاتتا، شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان نۇقتىلىق مەسىلىلەر خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ

دىققىتىگە سۇنۇلدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى دوكلاتىنىڭ ئاخىرىدا، خىتاي ھۆكۈمىتىنى چېكىدىن ئاشقان سىياسەتلىرىنى دەرھال توختىتىشقا چاقىردى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى شۇنداقلا ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىگىمۇ ئۆز تەلەپلىرىنى قويۇپ ئۆتتى.

■ **2017 - يىلى 18 – ماي:** غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەرەب تىلى، ئېلېكترون، تېببىي پەنلەر فاكۇلتېتلىرىدا ئوقۇۋېدىغان 17 نەپەر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى بىراقلا تۇتقۇن قىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستانغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە. ئىگىلىنىشىچە، بۇنىڭدىن ئىلگىرى مەزكۇر مەكتەپتىن كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلار تۇتۇپ كېتىلگەن بولسىمۇ، بۇ قېتىمقىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇنجى قېتىملىق كوللېكتىپ تۇتقۇن قىلىنىشى ئىكەن.

■ **2017 - يىلى 19 – ماي:** رابىيەخان مۇسا ئانىنى قاخشاتقان ساقچى مەملىكەت بويىچە نەمۇنىچى ساقچى بولۇپ مۇكاپاتلاندى؛ ئۆتكەن يىلى پاسپورتى تارتىۋېلىنغان 83 ياشلىق رابىيەخان مۇسا ئانىنى قاتتىق قاخشاتقان ۋە ئۇنىڭغا ئېغىر تەھدىت سالغان، بورتالا شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇرېھىم يۇنۇس خىتاي بويىچە نەمۇنىچى قەھرىمان بولۇپ مۇكاپاتلاندى.




■ **2017 - يىلى 19 – ماي:** 2 - نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئىستراتېگىيە مۇھاكىمە يىغىنى گېرمانىيەنىڭ بېرلىن شەھىرىدىكى ھولىداي مېھمانخانىسىدا باشلاندى. يىغىنغا ئامېرىكا، كانادا، ياپونىيە، تۈركىيە، نورۋېگىيە، گوللاندىيە، شىۋېتسىيە، شىۋېتسارىيە، گېرمانىيە قاتارلىق ئەللەردىن كەلگەن 26 نەپەر سىياسىي ئەرباب، زىيالىي، مۇتەخەسسىس ۋە كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسى قاتناشتى. ئىستراتېگىيە مۇتەخەسسىسى دوكتور ئەركىن ئەكرەمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن چاقىرىلغان 3 كۈن داۋاملىشىدىغان بۇ قېتىمقى يىغىندا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى خەلقئاراغا تېرروررىست قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللانغان پۈتۈن ھىيلە - نەيرەڭلىرى، ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنىڭ خەلقئارا سەھنىدىن ئورۇن ئېلىشى، خەلقئارادا يۈز بەرگەن



ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئۇيغۇر ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە كۆرسىتىدىغان ئىجابىي - سەلبىي تەسىرلىرى، يۈكسىلىۋاتقان خىتاي ۋە مەيدانغا كېلىش ئېھتىمالى بولغان ئىچكى - تاشقى ۋەقەلەر، خىتاينىڭ خەلقئارا تۈزۈم ۋە سىستېمىغا تەسىر كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇشى، خىتاينىڭ ئامېرىكا، ياۋروپا بىرلىكى، رۇسىيە، ياپونىيە، ھىندىستان، تۈركىيە ھەم قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە بۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كېلەچىكىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى، ئۇيغۇرلار قوللىنىشقا تېگىشلىك تەدبىرلەر، كېلەچەك ئۈچۈن ئىزدەشكە تېگىشلىك يوللار قاتارلىق ناھايىتى مۇھىم تېمىلارنىڭ مۇزاكىرە قىلىنىدىغانلىقى بىلدۈرۈلدى.

■ **2017 - يىلى 19 - ماي:** ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتى كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە قۇتقۇزىدىغان «دىنىي ۋىجدان مەھبۇسلىرى»نىڭ تىزىملىكىنى ئېلان قىلدى. تىزىملىككە دەسلەپكى قەدەمدە 11 كىشى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، 2009 - يىلى مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ژۇرنالىست، يازغۇچى، تور پائالىيەتچىسى گۈلمىرە ئىمىن بۇ تىزىملىكتىكى بىردىن - بىر ئۇيغۇر.

■ **2017 - يىلى 22 - ماي:** ئىستانبۇل قامەر نەشرىياتى گېرمانىيەدە تۇرۇشلۇق تۈرك تارىخ ھەۋەسكارى ھۈسەيىن تېكىنئوغلۇ ئەپەندى يازغان «ئۇيغۇرلار» ناملىق كىتابنى نەشر قىلىپ تارقاتتى.





■ **2017 - يىلى 22 - ماي:** خوتەن شەھىرىدىكى ئىتتىپاق مەيدانىدا 5000 كىشىلىك «ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرۇش، ئىككى يۈزلىمچىلەرنى تارتىپ چىقىرىش، مۇقىملىقنى كاپالەتلىك قىلىپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش» ناملىق سەپەرۋەر قىلىش يىغىنى ئېچىلدى.

■ **2017 - يىلى 23 - ماي:** كىشىلىك ھوقۇق كۆزىتىش تەشكىلاتى ئوچۇق خەت ئېلان قىلىپ، ب د ت نىڭ خىتايغا تەنقىدىي پىكىر بەرگەن كىشىلەرنى قوغداش ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىشنى تەلەپ قىلدى. خىتاي ب د ت كىشىلىك ھوقۇق مېخانىزمىنىڭ پەسىللىك ۋە يىللىق يىغىنلىرىدا ئۇيغۇر، تىبەت ۋەكىللىرىنىڭ ۋە

ختاي ئۆكتىچىلىرىنىڭ مەزكۇر مېخانىزمنى قوللىنىپ، ختايدىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋە يەرلىك مىللەتلەر مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىغا كاشىلا قىلىپ كەلگەنىدى.

■ **2017 - يىلى 23 - ماي:** تۈركىيەلىك تونۇلغان ژۇرنالىست، يازغۇچى، تېلېۋىزىيە پروگراما رىياسەتچىسى ۋە يېڭى شافاق گېزىتىنىڭ ئوبزورچىسى، ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ قوللىغۇچىسى ئاكىف ئەمرە يۈرەك كېسەللىكى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى.



■ **2017 - يىلى 24 - ماي:** ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنىدا ئالاقىدار شەخسلەر دۇنيا مىقياسىدا، جۈملىدىن ختايدا دىنىي ھەق ۋە ھوقۇقلارنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىپ، ئامېرىكا تاشقى سىياسىتىنىڭ بۇ مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشىنى جىددىي تەلەپ قىلدى. «خەلقئارا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى كومىتېتى» نىڭ رەئىسى توماس رېس سۆز قىلىپ، دۇنيادا ھازىر دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى دەپسەندە قىلىشتا ئالدىنقى ئورۇندا مېڭىۋاتقان دۆلەتلەرنى ساناپ كېلىپ، ختايدىكى ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلەرنىڭ بۇ جەھەتتە زور بەدەل تۆلەۋاتقانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتتى.




■ **2017 - يىلى 24 - ماي:** تۈرك دۇنياسى تەتقىقات مەركىزى ۋەخپىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن 24 ئىستانبۇلنىڭ باغچىلار ئولىمپىك تەنتەربىيە زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن 22-نۆۋەتلىك تۈرك دۇنياسى بالىلار تەنتەنىسى پائالىيىتىگە ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن 15 نەپەر ئۇيغۇر ئۆسمۈر قاتنىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان نومۇرلارنى كۆرسەتتى.

■ **2017 - يىلى 25 - ماي:** خەلقئارا قەلەمكەشلەر جەمئىيىتى «تىنچلىق كومىتېتى» يېقىندا سلونوۋىيەنىڭ بلەدۇ شەھىرىدە يىللىق يىغىن چاقىرىپ، خىتاي تۈرمىسىدىكى مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئۇيغۇر زىيالىيسى ئىلھام توختىنى بۇ يىللىق ياۋروپا «ۋاكلاۋ خوۋېل كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتى» غا نامزاتلىققا كۆرسىتىشنى قارار قىلدى.

■ **2017 - يىلى 25 - ماي:** خىتاي ھۆكۈمىتى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەت ئېيى- مۇقەددەس رامىزان ھارپىسىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۈرۈمچى ۋە ئىلى ئوبلاستلىرىدا ئازادلىق ئارمىيە، قوراللىق ساقچى، چېگرا قوغداش قىسىملىرى، بىڭتۈەن ۋە ج خ ئورگانلىرىنىڭ بىرلەشمە «تېررورلۇق»قا قاشى مانېۋىرى ئۆتكۈزدى.

■ **2017 - يىلى 26 - ماي:** شەرقىي تۈركىستاننىڭ يوپۇرغا ۋە قۇتۇبى ناھىيەلىرى رامىزاندا دىنىي پائالىيەتلەرنى قاتتىق تەقىپ قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى؛ يوپۇرغا ناھىيەسى تۆۋەن ئەشمەن كەنتىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئۇقتۇرۇشىدا، كەنتتىكى پۇقرالارنى ھەر خىل «رادىكاللىق» خائىشلارنى، تېررورلۇق سىنى كۆرگەنلەرنى پاش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، كېچىلىك چارلاشنى كۈچەيتىش تەلەپ قىلىنغان. ۋتۇبى ناھىيەسىنىڭ رامىزان ھارپىسىدا تارقاتقان 2017-60-نومۇرلۇق ئۇقتۇرۇشىدا، يېزا-كەنتلەرنىڭ رامىزاندا پۇقرالارنى«جىھاد» نىڭ ماھىيىتىنى پاش قىلىش توغرىسىدىكى سىياسى كۇرس ۋە پائالىيەتلەرگە ئۇيۇشتۇرۇش، «رادىكاللىق» نىڭ 26 خىل ئىپادىسىگە دائىر سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈش، روزا تۇتۇشنى تەشۋىق قىلىشنى چەكلەش، پۇقرالارغا ماركسىزملىق تەربىيە ئېلىپ بېرىش، دىنىي سورۇنلاردا 24 سائەتلىق نازارەتنى يولغا قويۇش، سىرتتىن كەلگەن ئاپتوموبىل ۋە شەخسلەرنى، نۇقتىلىق ئائىلە ھەم كىشىلەرنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىش قاتارلىقلار پائالىيەت ۋە تەدبىرلەرنى ئېلىپ بېرىشنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلغان.

خىتاي ھۆكۈمىتى خىتايدا مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئەركىنلىكىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ، كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەنقىدلىرىنى رەت قىلسىمۇ، بىراق ھەرىيلى رامىزاندا مۇسۇلمانلارغا يۈقىرىقىدەك تەدبىرلەرنى يۈزگۈرۈپ كەلمەكتە.

■ **2017 - يىلى 27 - ماي:** خىتاي دائىرىلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئامىمنى تەشكىللەپ «كوللېكتىپ قەسەمياد قىلدۇرۇش» ۋە ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ھالدا كادىرلارغا «ئوچۇق خەت» ئېلان قىلدۇرۇش دولقۇنىنى رامىزان ئېيىدىمۇ ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇردى. تەڭرىتاغ تورىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، خىتاي دائىرىلىرى بۈگۈن


(27 ـ ماي) چۈشتىن كېيىن قەشقەردىكى خەلق مەيدانىغا 100 مىڭ كىشىلىك پارتىيە ئەزاسى بىلەن ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى توپلاپ، «قەسەمياد يىغىنى» ئۆتكۈزگەن.




■ **2017 ـ يىلى 27 ـ ماي:** ئەنقەرە ئېتىقاد ئەركىنلىكى مۇنبىرى خىتاينى ئۇيغۇرلارغا قويغان دىنىي چەكلىمىلىرىنى بىكار قىلىشقا چاقىردى؛ ئەنقەرە ئېتىقاد ئەركىنلىكى مۇنبىرى ئەنقەرەنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان ئابدى ئىپەكچى باغچىسىدا ئاخبارات باياناتى ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ بېرىۋاتقان دىنىي بېسىم سىياسىتىنى ئەيىبلىدى. چۈشتە ئۆتكۈزۈلگەن پائالىيەتكە مۇنبەرگە ئەزا تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئەنقەرەدىكى ئۇيغۇرلار ئىشتىراك قىلدى.




■ **2017 ـ يىلى 27 ـ ماي:** ماناس ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى قازاقچە ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ئاھالىلەرنىڭ پاسپورتلىرىنى 31 ـ مايدىن بۇرۇن ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايلاردىكى ساقچى ئىدارىلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىشىنى، تەكشۈرۈپ بەرمىگەنلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ سۈرۈشتە قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.



ەرەكشە ۋقترۋ

بۇگىننەن باستاپ ٴار قايسى حالىق بۇحاراسى قولىنداعى فاسپورتتى 2017 ـ جىلى 5 ـ ايدىڭ 31 ـ كۇنىنە دەيىن، نوپۇسى تۇرعان جەردەگى قوعام حاۋىپسىزدىك مەكەمەسىنىڭ ساقشى بولىمشەلەرىنە تاپسىرۋ كەرەك . تۇرلى سىلتاۋلار ايتىپ كەشىكتىرۋ نەمەسە تاپسىرماعانداردىڭ فاسپورتىن قوعام حاۋىپسىزدىك مەكەمەسى جاعىنان كۇشىنەن قالتىرىلادى . ٴارى زاڭدىق جاۋاپكەرلىگى قۋزاستىرىلادى .

ماناس اۋداندىق قوعام حاۋىپسىزدىك مەكەمەسى
تاسىرحاي ساقشى بولىمشەسى
2017 ـ جىلى 5 ـ ايدىڭ 27 ـ كۇنى

■ **2017 ـ يىلى 28 ـ ماي:** قازاقىستانلىق ئۇيغۇرلار ئالماتا شەھىرىنىڭ سۇلتانقورغان مەھەللىسىدە جەم بولۇپ، 1962 ـ يىلى 29 ـ مايدا غۇلجىدا يۈز بەرگەن قانلىق ۋەقەنىڭ 55 يىللىقىنى خاتىرىلىدى. 1962 ـ يىلى 29 ـ مايدا شەرقىي

تۈركىستاننىڭ ئىلى ۋىلايىتىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتمەكچى بولغانلار توسقۇنلۇققا ئۇچرىغاندىن كېيىن نارازىلىق بىلدۈرۈپ ئىلى ئوبلاستلىق پارتكومغا بارغاندى. لېكىن كۈتۈلمىگەندە خىتاي قوراللىق قىسىملىرى ئۇلارنى ئوققا تۇتۇپ، نۇرغۇن ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە يارىدار قىلدى. بۇ پاجىئە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تارىخىدىكى قانلىق ۋەقەلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

■ **2017 ـ يىلى 29 ـ ماي:** خەلقئارادىكى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، كىشىلىك ھوقۇق كۆزىتىش تەشكىلاتى، چېگراسىز مۇخبىرلار، ۋاكالەتسىز مىللەتلەر ۋە خەلقلەر تەشكىلاتى، ئەركىنلىك سارىيى، خەلقئارا تەن جازاسىغا قارشى تۇرۇش تەشكىلاتى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، خەلقئارا تىبەت ھەرىكىتى، جۇڭگو پۇقرالار كۈچى قاتارلىق 15 كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىك ئۆكتىچى تەشكىلات ياۋروپا ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىگە خەت يېزىپ، ئۇلارنى ياۋروپا-خىتاي باشلىقلار يىغىنىدا خىتايغا كىشىلىك ھوقۇقنى باستۇرۇشنى توختىتىش، قولغا ئېلىنغان بارلىق پائالىيەتچىلەرنى قويۇپ بېرىش ھەققىدە خۇسۇسىي ۋە ئاشكارا بېسىم ئىشلىتىشكە چاقىردى.

■ **2017 ـ يىلى 31 ـ ماي:** ياۋروپا پارلامېنت ئەزالىرى ياۋروپا ئىتتىپاقى-خىتاي كىشىلىك ھوقۇق دىئالوگىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈلۈشىنى تەلەپ قىلدى؛ سوتسىيال دېموكراتلار، يېشىللار، ياۋروپا خەلق پارتىيەسى قاتارلىق سىياسىي پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ ياۋروپا پارلامېنتىدىكى 14 نەپەر پارلامېنت ئەزاسى ئوچۇق خەت ئېلان قىلىپ، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ خىتاي كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدىكى غايىسى ياخشى بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ كۈتكەن نەتىجە بەرمىگەنلىكىنى، شۇڭا ياۋروپا ئىتتىپاقى-خىتاي كىشىلىك ھوقۇق دىئالوگىنى كۆزدىن كەچۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

■ **2017 ـ يىلى 31 ـ ماي:** ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇيغۇرچە بۆلۈمى، ھەر يىلى رامىزان مەزگىلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئىبادەتلىرىنى ھەسسىلەپ تەقىب ئاستىغا ئالىدىغان، چەكلىمىسىنى كۈچەيتىدىغان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ، بۇ يىل رامىزاندا مەزكۇر تەدبىرلەرنى تېخىمۇ قاتتىق ۋە قوبۇل قىلغۇسىز دەرىجىگە يەتكۈزگەنلىكىنى؛ ھەتتا دېھقان، چارۋىچىلارنىڭمۇ روزا تۇتۇشنى چەكلەش ئۈچۈن ھەر ئائىلىگە بىردىن نازارەتچى كادىرنى سەپلىگەنلىكىنى؛ دائىرىلەر كەنتتە تۇرىدىغان بۇ كادىرلارغا رامىزاننىڭ ئالدىنقى 10 كۈنىدە دېھقانلار بىلەن «5 تە بىللە بولۇش » قا كاپالەتلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى بەرگەنلىكىنى، بۇنىڭ بىلەن رامىزان ھارپىسىدىن باشلاپ ھەر بىر ئۇيغۇر دېھقان مۇشۇنداق كۈتۈلمىگەن مېھماندىن بىرنى ئۆيىدە قوندۇرۇشقا مەجبۇر بولۇۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلىدى.

Dunya Uyghur Qurultiyi Teshwiqat - Neshriyat Komitéti neshr qildi

# XEWERNAME

2017 - YiliQ 5 - San | Omumi 6 - san

5

2017